# ھەقىقەتەن ئادىللىق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇردىن بولغان تەختلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قولى ئوڭدۇر، بەرىكەتلىكتۇر

ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ بىن ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«ھەقىقەتەن ئادىللىق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇردىن بولغان تەختلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قولى ئوڭدۇر، بەرىكەتلىكتۇر، ئۇلار قىلغان ھۆكۈملىرىدە ۋە ئائىلىلىرىدە ۋە ئۆزلىرى ئىگە بولغان ئىشلاردا ئادىللىق قىلىدۇ».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق دەپ خەۋەر بېرىدۇكى، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەق بىلەن ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغان، ئائىلىسىدىمۇ ئادالەتلىك ئىش قىلغان كىشىلەر قىيامەت كۈنىدە ئىززەت-ئىكرام قىلىنىپ، نۇردىن ياسالغان ئالى تەختلەر ۋە يۇكسەك ئورۇنلاردا ئولتۇرىدۇ. بۇ تەختلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قولى ئوڭدۇر، بەرىكەتلىكتۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4935